3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# ئائىلە ئىستىلىغا مۇجەسسەملەنگەن ۋەتەننى قوغداش، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش مۇھەببىتى

## —— كۆپچىلىكنىڭ نەزەرىدىكى لاچىن بايەكە ④

□ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ليۇ شياڭ

لاچىن بايەكە شەرەپلىك تارىخى بار ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، بوۋىسى ئۆزىنى ئۆزى كۆرسىتىپ قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە لېنىيىسىدىكى تۇنجى «قوتاز ئۈستىدىكى يول باشلىغۇچى» بولغاندىن بۇيان، ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننى قوغداش، چېگرا رايونىنى مۇھاپىزەت قىلىش مۇھەببىتى، ياخشىلىقنى ئاساس قىلغان، باشقىلارغا سەممىي مۇئامىلە قىلىدىغان ئائىلە ئىستىلى بۇ ئاددىي تاجىك چارۋىچى ئائىلىسىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىنىپ كەلدى.

«ئۇ كىچىك ۋاقتىدا بوۋىسىنىڭ چېگرانى چارلاپ ۋەتەننى قوغداش ھېكايىسىنى ئەڭ ياخشى كۆرۈپ ئاڭلايتتى.» 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتە، لاچىن بايەكەنىڭ دادىسى، پېنسىيەدىكى چېگرا قوغدىغۇچى بايەكە كەلدىبەك بىر ئائىلىدىكى ئۈچ ئەۋلادنىڭ چېگرا چارلاش سۈرىتى قويۇلغان كۆرگەزمىخانىغا يەنە بىر قېتىم كېلىپ، ئىلگىرىكى ھەربىر پارچە كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ، ئادەم قۇتقۇزۇش يولىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان ئوغلىنى ئۈن - تىنسىز ياد ئەتتى.

«قانچە رەت ئاڭلىسىمۇ ھەرگىز زېرىكمەيتتى، ھەرقېتىم كۆزىنى يوغان ئېچىپ، ناھايىتى ئەستايىدىل ئاڭلايتتى.» ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىگىنىدە، بايەكە كەلدىبەكنىڭ چېھرىدە مۇلايىم تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ مۇنداق دېدى: «مەن ئۇنىڭغا دائىم چېگرانى ياخشى چارلا، تېخىمۇ مۇھىمى، ياخشى ئادەم بول دەيتتىم».

چوڭلارنىڭ ئۈن - تىنسىز تەسىر كۆرسىتىشىدە، گۆدەك لاچىن بايەكە ئائىلىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەخلاق - پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قويۇق ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقۇزۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە قانات قېقىپ كۆكتە پەرۋاز قىلىپ، ئېگىزلىكنى قوغدايدىغان «پامىر بۈركۈتى»گە ئايلىنىش ئۈچۈن پۇختا مەنىۋى ئاساس سالدى.

كۆپ ساندىكى ئوغۇل باللارنىڭ باللىق چاغلىرىغا ئوخشاش، ئۈسمۈرلۈك دەۋرىدىكى لاچىن بايەكە ئۆيدە بىكار تۇرغۇسى كەلمەي، دائىم كەنتنىڭ ھەممە يېرىدە چېپىپ يۈرەتتى.

«باشقا ئوغۇل باللارغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئۇ ئىنتايىن ئىنچىكە بولغاچقا، ئويناۋاتقاندىمۇ باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىغا دىققەت قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرەتتى.» لاچىن بايەكەنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىسى ئامانلا رېچايىك ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى: «كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كالا، قويلىرىنىڭ يىتىپ كەتكەنلىكىنى بىلسىلا، ئۇ تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ، ئۇلارغا ياردەملىشىپ ئىزدىشىپ بېرەتتى؛ ياشانغانلارنىڭ ئېغىر نەرسە كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ كۆتۈرۈشۈپ بېرەتتى، كۈچى يەتمەي يۈزى قىزىرىپ كەتسىمۇ قويۇۋەتمەيتتى؛ مەكتەپتىن قايتقاندا، ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى كەتسىمۇ، ئۇ قېلىپ ئوقۇتقۇچىسىغا ياردەملىشىپ دوسكىنى ئۆچۈرەتتى....»

لاچىن بايەكە 14 ياشقا كىرگەن يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، بايەكە كەلدىبەك چېگرا مۇداپىئە ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تاغقا كىرىپ چېگرا چارلاشقا بارماقچى بولغان، بىر چىقىپ كەتسە يەتتە - سەككىز كۈن كېتەتتى، ئۆيدىكى قويلارغا كىم قارايدۇ؟

دادىسىنىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسىغا قاراپ، ئىش ئوقۇيدىغان لاچىن بايەكە مۇنداق دېگەن: «دادا سىز خاتىرجەم بېرىۋېرىڭ، مەن چوڭ بولدۇم، قويلارغا ياخشى قارايمەن.» لاچىن بايەكەنىڭ شۇ چاغلاردا ئانچە كەڭ بولمىسىمۇ، ئەمما مەزمۇت مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، بايەكە كەلدىبەكنىڭ كۆڭلى ۋىللىدە يورۇپ، تاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتكەندى.

ئەمما ئويلىمىغان يەردىن تاسادىپىيلىق يۈز بېرىپ، قويلار بۆرە توپىغا ئۇچراپ، بەزىلىرى ئۆلۈپ، بەزىلىرى قېچىپ كەتكەن. كىچىك لاچىن بايەكە جىددىيلىشىپ تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ قويلارنى ئىزدەپ، ئاياغلىرىمۇ يىرتىلىپ كەتكەن.

جىددىيلەشكەن بولسىمۇ، ئۇ يول بويى بىرەر چارە تېپىشقا تىرىشقان، «توغرا! چېگرا مۇداپىئە لىيەنگە باراي! ئۇلار چوقۇم ياردەم قىلىدۇ!»

ئەڭ ئاخىر، چېگرا مۇداپىئە لىيەندىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئون قوينى ئىزدەپ تېپىپ بەرگەن، يەنە بۆرىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان قوتان سېلىپ بەرگەن.

بايەكە كەلدىبەك ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، لىيەنجاڭ لاچىن بايەكەنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ، ئىشقا يولۇققاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان، چارە - ئامال تاپالايدىغان، ئەقىللىق ھەم باتۇر بالا ئىكەن، ئەسكەر بولىدىغان ياخشى مايسا ئىكەن!»

ئەمەلىيەتتە، «ئەسكەر بولۇش» لاچىن بايەكەنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى. 2001 - يىلى 12 - ئايدا، ئۇ ئارزۇسىغا يېتىپ ھەربىيلىككە قاتناشتى.

2004 - يىلى 7 - ئايدا، ئارمىيەدىن چېكىنگەن لاچىن بايەكە شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردى. دەل شۇ يىلدىن باشلاپ، ئۇ كۈچ ئۇلاش كالتىكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، دادىسىنىڭ ئىزىنى بويلاپ چېگرا مۇداپىئە بىرىنچى سېپىگە ئاتلاندى، «پامىر بۈركۈتى»نىڭ ئاجايىپ ھېكايىلىرى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ھازىرغىچە 48 يىللىق توقۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىكەن. بۇ خىل ئەنئەنىۋى توقۇش ھۈنەر - سەنئىتى بەك زېرىكىشلىكمۇ دەپ سورىغىنىمىزدا، ئالتۇنخان قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ پىسسىڭىدە كۈلۈۋېتىپ مۇنداق دېدى: «قولدا توقۇلغان ئەتلەسنى توقۇشتا ‹سەۋرچانلىق›نى سىنايدىغان گەپ، رەڭگارەڭ مەشۈت يىپلارنىڭ ئاز - ئازدىن نەپىس نۇسخىلارغا ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ھۇزۇر!»

ئەگەر قولدا ئەتلەس توقۇشنى يېقىملىق، لەرزان مېلودىيە دېسەك، ئۇنداقتا ماشىنىدا ئەتلەس توقۇشنى جۇشقۇن ھەم ياڭراق سىمفونىيە دېيىشكە بولىدۇ.

ئوخشاشلا جىيا يېزىسىدا، ئاق رەڭلىك پولات تاختىدىن ياسالغان بىر سېخ ئىچىدە، ئون نەچچە توقۇش ماشىنىسى بىردەكمۇ توختىماي گۈرۈلدەپ تۇراتتى، قۇلاق پۈرۈپكىسى تاقىۋالغان تۆت - بەش ئىشچى ماشىنىغا يېقىنلا جايدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، كۆزلىرى بولسا توقۇش ماشىنىسىدا يۆتكىلىپ تۇرۇۋاتقان مەشۈت يىپلارغا تىكىلگەنىدى.

«بىر توقۇش ماشىنىسىدا ھەر كۈنى ئۈچتىن تۆت پارچە ئەتلەس تەييار مەھسۇلاتنى پىششىقلىغىلى بولىدۇ، بىر ئىشچى ئاز دېگەندە بۇنداق ماشىنىدىن ئىككىنى باشقۇرالايدۇ» دېدى 34 ياشلىق گۈلنۇرى سەيدى. 2019 - يىلى، ئۇ ئېرى بىلەن بۇ ئىككى توقۇمىچىلىق سېخى، بىر بوياقچىلىق زاۋۇتىدىن تەركىب تاپقان ئەتلەس ھەمكارلىق كوپىراتىپىنى قۇرغان ئىكەن.

مۈرەككەپ بولغان قولدا توقۇشقا سېلىشتۇرغاندا، ماشىنا بىلەن توقۇش خېلىلا ئاسان بولۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەر يېرىم يىلغا يەتمەيلا پىشقان ئىشچىغا ئايلىنالايدىكەن. نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بۇ كەنتتىكە نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان - يۆلەيدىغان ئورۇن گۈلنۇرنىڭ ھەمكارلىق كوپىراتىپىنى كېڭەيتىشىگە ياردەم بېرىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن توقۇش ماشىنىسى 24 تىن 39 غا كۆپىيىپ، ھەمكارلىق كوپىراتىپى نامرات ئائىلىلەردىن يەنە 20 ئىشچى قوبۇل قىلىپتۇ.

سېتىلىش باھاسى بىرقەدەر تۆۋەن بولغاچقا، ماشىنىدا توقۇلغان مەھسۇلاتلارنى ئادەتتىكى ئىستېمالچىلار تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلالايدىكەن. گۈلنۇرى بىلەن ئېرى بازار ماركېتىڭى قىلمىسىمۇ، ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ مۇقىم ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىكەن.

گۈلنۇرى مۇنداق دېدى: «ماشىنا توختاپ قالمىسىلا، ئىشچىلار ھەر ئايدا 2000 يۈەندىن 2500 يۈەنگىچە مائاش ئالالايدۇ.» ئەتلەس شۇ جايدىكى پۇقرالارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىدىكى ئاچقۇچلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

تېز، راۋان تاشيول، تۆمۈريول ئەشيا ئوبوروتىدىن پايدىلىنىپ، بۈگۈنكى كۈندە ئەتلەس يەر شارىۋى كەسپ زەنجىرىگە سىڭىپ كىرمەكتە. ئەتلەس توقۇيدىغان زور مىقداردىكى مەشۈت يىپ جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق جايلاردىن يۆتكەپ كېلىنىپ، پىششىقلىنىپ ئەتلەس تەييار مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاپتوموبىل ياكى پويىز ئارقىلىق قەشقەر، ئۈرۈمچى ياكى تېخىمۇ يىراق جايلارغا يەتكۈزۈلۈپ سېتىلىدىكەن.

گۈلنۇرى بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا بىر قېتىم ۋوگزالغا بېرىپ بىر تۈركۈم خام ماتېرىيال ئەكېلىدىكەن. «بۇ يىل قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن زاكاز كەلدى، سېخلار ئىزچىل نورمىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ. ئېرىم يېقىندىن بۇيان ئىزچىل ھەرقايسى جايلارغا مال يەتكۈزۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى» دېدى ئۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)

(بېشى 1 - بەتتە)

موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىدە بۇ يىل 500 مىڭ تۇياق چارۋا قىشلاقتىن ئەتىيازلىق ئوتلاققا كۆچۈرۈلىدۇ. ئاغىياز قىشلىقىدا 1 مىليون مودىن ئارتۇق تەبىئىي ئېگىزلىك ئوتلىقى بار بولۇپ، بۇ ناھىيەدىكى ئەڭ چوڭ قىشلاق ھېسابلىنىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ھەر يىلى 11 - ئاينىڭ بېشىدا، پۈتۈن ناھىيەدىكى ئالتە يېزا - بازار، مەيداندىكى 500 ئائىلىلىكتىن ئارتۇق چارۋىچى چارۋىلىرىنى ھەيدەپ بۇ يەرگە كېلىپ قىشلايدۇ، ئىككىنچى يىلى 3 - ئاينىڭ بېشىدا ئاندىن ئەتىيازلىق ئوتلاققا كۆچىدۇ. ھازىر، بۇ يەردىكى 547 ئائىلىلىك چارۋىچى 220 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىنى ھەيدەپ ئوتلاق كۆچمەكتە.

يولدا، ھەر قېتىم كالا - قويلىرىنى ھەيدەپ ئوتلاق كۆچۈۋاتقان چارۋىچىلارغا يولۇققاندا، نۇركەلدى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يول بېرىدۇ.

ئاغىياز قىشلىقىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىك پەرقى 1500 مېتىردىن ئاشىدۇ. بەزى چارۋىچىلار دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان جايدىن چارۋىلىرىنى ھەيدەپ تاغدىن چۈشىدۇ، تاغ يولى ئېگىز - پەس بولۇپ، ئۇلار تېخىمۇ بالدۇر يولغا چىقىپ، ئېھتىيات بىلەن يول يۈرۈپ، تۈز ئاسفالت چارۋا يولىغا كەلگەندىلا ئاندىن خاتىرجەم بولىدۇ.

«چارۋا يولىنى چارۋىچىلار كۆپ يىللاردىن بېرى مېڭىپ شەكىللەندۈرگەن.» نۇركەلدى مۇنداق دېدى: ئىلگىرىكى چارۋا يولى توپا يول ئىدى، ئەتىياز پەسلىدە بەكلا پاتقاق بولۇپ كېتەتتى، بەزى جايلارنىڭ ئەڭ تار يېرى، ئۈچ - تۆت مېتىرلا كېلەتتى، ئاسانلا تاش غۇلاپ چۈشۈش، لاتقا - شېغىللىق ئېقىن، تاغ سىيرىلىش قاتارلىق گېئولوگىيەلىك ئاپەت يۈز بېرەتتى.

2019 - يىلى، موڭغۇلكۈرە ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئاغىياز قىشلىقىدىن جىلغا ئېغىزىغا تۇتاشىدىغان 113 كىلومېتىر چارۋا يولىنى رېمونت قىلىپ، توپا يولنى قۇم - شېغىللىق يول ۋە ئاسفالت يولغا ئۆزگەرتتى، يول ياسىغاندا يەنە نۇرغۇن خەتەرلىك جايدىن ئەگىپ ئۆتتى، پەقەت ئەگىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان جايلاردا ياكى كۆۋرۈك سالدى، ياكى تاغقا سىم مۇداپىئە تورى ئورناتتى. ئىزچىل چارۋا بېقىپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان نۇركەلدى مىڭ يىللىق چارۋا يولىدا يۈز بەرگەن بۇنچە كۆپ ئۆزگىرىشنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: ياخشى دەۋرگە ئۇلاشتۇق!

### ئوتلاق كۆچۈش يولىدا نامايان بولغان چارۋىچىلىقتىكى ئۆزگىرىش

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن باشلاپ، قورغاس ناھىيەسىدىكى 124 مىڭ 800 تۇياق چارۋا مەخسۇس چارۋا يولى ئارقىلىق كۆپلەپ ئوتلاق كۆچۈشكە باشلىدى، ئەتىيازلىق ئوتلاقتىن يىراق جايدىكى بىر قىسىم چارۋىچىلار بەش - ئالتە كۈن ماڭاتتى. شۆرىغان چىقىپ تۇرىدىغان يولدا، چارۋىچىلارغا ئەڭ زور ئىللىقلىق ھېس قىلدۇرغىنى، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئوتلاق كۆچۈش ئۈچۈن قۇرغان ئالتە ئۆتەڭ نۇقتىسى بولدى، بۇ ئۆتەڭ نۇقتىلىرى چارۋىچىلار ۋە چارۋىلارنى ھەقسىز يېمەك - ئىچمەك ۋە يەم - خەشەك، ئارام ئېلىش ئورنى ۋە داۋالاش ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى.

قورغاس ناھىيەسىنىڭ جامباس جىلغىسى ئوتلاق كۆچۈش قوماندانلىق ئىشتابى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى. ئۇ گوزىگوۋ چارۋا يولىغا جايلاشقان بولۇپ، چىڭسىخوزا بازىرىغا تەخمىنەن 50 كىلومېتىر كېلىدۇ، 3000 قوينى يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ، بۇ، غۇلجا شەھىرى، قورغاس ناھىيەسىدىكى چارۋىچىلار ئوتلاق كۆچۈشتە چوقۇم ئۆتىدىغان يول.

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۆي سىرتىدا، چارچاپ كەتكەن 300دىن ئارتۇق قوي يەم - خەشەك يېگەندىن كېيىن قوتاندا ئارام ئېلىۋاتاتتى. ئۆي ئىچىدە، مەشتە ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بولۇپ، قورغاس ناھىيەسىنىڭ چىڭسىخوزا بازىرى كۆكدالا كەنتىدىكى چارۋىچى سېرىك ساتىبالدى ئىشتىھا بىلەن پولۇ يەۋاتاتتى، تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەنە يولغا چىقاتتى.

«ئىلگىرى ئوتلاق كۆچكەندە چارۋىچىلار ۋە چارۋىلار جاپا تارتاتتى، گوزىگوۋدىن ئۆتكەندە كالا - قويلار ئاپتوموبىللار بىلەن يول تالىشىپ قالاتتى، بىخەتەرلىك چوڭ مەسىلە ئىدى. ھازىر ھۆكۈمەت ئوتلاق كۆچۈش يولى ياسىدى، چارۋىلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ئازىيىپلا قالماي، يەنە جامباس جىلغىسىدىكى تەمىنلەش نۇقتىسىغا ئىلگىرىكىدىن تۆت - بەش سائەت بۇرۇن يېتىپ بارالايدىغان بولدۇق، بىزمۇ يول بويى ئارام ئالالايدىغان بولدۇق، ھەقىقەتەن بەك ياخشى بولدى!» دېدى سېرىك.

ئوخشاش بىر ۋاقىتتا، نۇركەلدى قوي پادىسىنى ھەيدەپ 20 كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈردى. بۇ يولدا، ئۇ پات - پات ئوتلاق كۆچۈش بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقان يۈك ئاپتوموبىللىرىنى ئۇچرىتىپ قالاتتى. «ماشىنىلاشقان ئوتلاق كۆچۈشتە بىر قويغا 15 يۈەن ئېلىنىدۇ، مېنىڭ ئۆيۈم ئەتىيازلىق ئوتلاققا يېقىن، ئارتۇق پۇل خەجلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق.» گەرچە شۇنداق دېسىمۇ، نۇركەلدى يەنىلا تۇغقىنىغا ئاپتوموبىل ھەيدىتىپ، خوتۇنى ۋە تۇللاش ئالدىدا تۇرغان ساغلىقلار، ئاجىز قوزىلارنى بىر كۈن بۇرۇن ئەتىيازلىق ئوتلاققا ئاپىرىپ قويغانىدى.

ئوتلاق كۆچۈش يولىدا، ئاتقا مىنىۋالغان ئاياللارنى ئۇچراتقىلى بولمايدىغان بولدى. «ئۇلار بىر بولسا ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىلىرىدا ياشانغانلار، باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، ئىشلەمچىلىك قىلىپ پۇل تاپىدۇ، بىر بولسا ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئوتلاق كۆچىدۇ، بىز چارۋىچىلارنىڭ بالا - چاقىلىرىمىزنى سۆرەپ ئوتلاق كۆچىدىغان كۈنلىرىمىز ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتتى» دېدى نۇركەلدى پەخىرلەنگەن ھالدا.

قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە، نۇركەلدى چارۋا يولىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى ئېرقانات تاغىسىنىڭ ئۆيىنى ئارام ئالىدىغان جاي قىلىپ تاللىدى. ئېرقانات ئاغىياز جىلغىسىدىكى 18 ئوتلاق چارلىغۇچىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ خىزمىتى يىل بويى چارۋىچىلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن سان بويىچە مال بېقىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئوتلاقتىكى ئوت ئاپىتى يوشۇرۇن خەۋپىنى چارلاپ تەكشۈرۈش ۋە ئوتلاقتىكى چاشقان، ھاشارات زىيىنى ئۇچۇرىنى توپلاپ يوللاش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتلاق كۆچكەن چارۋىچىلارنى ياردەم بىلەن تەمىنلەش ئىدى.

موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىدە 8 مىليون 450 مىڭ مو ئوتلاق بولۇپ، «تەبىئىي گۈزەل» بولسىمۇ، ئاسرىمىغاندا، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش يەنىلا ناھايىتى تەس. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى چارۋىچىلارنى كۆچۈرۈش، قاشالاپ چارۋا بېقىشنى چەكلەش، ئوتلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تۈزەش، سۇ مەنبەسىنى ساقلاش رايونىنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئوتلاقنىڭ چېكىنىش ۋەزىيىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە توسۇپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى ئوتلاقلاردا بىيولوگىيەلىك ئاپەتنىڭ يۈز بېرىش سانى ۋە كۆلىمىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەتتى.

«ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش شۇكى، ئوتلاقتا ئوت - چۆپ كۆپەيدى، ئېگىز ئۆسىدىغان بولدى، چارۋىچىلار تېخىمۇ كۆپ قىشلىق ئوت - چۆپ غەملىيەلەيدىغان بولدى، چارۋىلارنىڭ يەم - خەشىكى ياخشى بولسا، تەبىئىيلا ياخشى چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ياۋايى ھايۋانلارمۇ كۆپەيدى.» ئېرقانات شۇ جاينىڭ ئېكولوگىيەسىدىكى ئۆزگىرىشتىن پەخىرلەندى.

### ئەتىيازلىق ئوتلاقتا نامايان بولغان ھاياتىي كۈچ

ئىللىق باھار نۇرىغا چۆمۈلۈپ، يۇمشاق توپىدا بىخ چىقىرىۋاتقان يايپېشىل ئوت - چۆپلەرنى كۆرۈپ، ھەتتا تۇللاش ئالدىدا تۇرغان ساغلىقلارمۇ ئويناقشىپ كەتتى.

تېكەس ناھىيەسىدىكى 724 ئائىلىلىك چارۋىچى كېچە - كۈندۈز دەم ئالماي، 120 مىڭ تۇياق چارۋىنى ھەيدەپ تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ ئوتلاق كۆچۈشنى تاماملىدى. 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، تېكەس ناھىيەسىنىڭ قاراتوقاي بازىرىدىكى ئەتىيازلىق ئوتلاقتا، چارۋىچىلارغا قارىغاندا يېزا - بازارلىق يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەركىزىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئالدىراش ئىدى، ئۇلار چارۋىچىلار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش خىزمىتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، يەنە چارۋىچىلارنىڭ ئەتىيازلىق تۆل ئېلىشىغا ياردەم بېرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. يېڭىدىن تۇغۇلغان بىرنەچچە قوزا ناھايىتى ساغلام بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئورنىدىن تۇرالىدى، بۇ، چارۋىچىلارنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋەتتى.

«بۇ بىر تۈركۈم قوزىلار ساغلام چوڭ بولسا، نەسىللىك موزايغا تېگىشكىلى بولىدۇ، تاغ باغرىدىكى ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتقان كېلىنلەرنىڭ بېقىشىغا بېرىمىز.» ئەمدىلا تۇغۇلغان قوزىلارنى كۆرگەن چارۋىچى ئايدىن تۆلەباي مۇنداق ھېسابات قىلدى: ھازىر بىر كالا باقساق، ئون قوي باققاندىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، نەسىللىك موزاي بىلەن يەرلىك نەسىللىك موزاي ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقى ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 2000 يۈەن، ياخشى يېتىلگەن بىر نەسىللىك ئىنەكنىڭ باھاسى ئىككى يەرلىك نەسىللىك ئىنەكنىڭ باھاسىغا تەڭ كېلىدۇ.

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئىككى كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە يول يۈرۈش ئارقىلىق قورغاس ناھىيەسىنىڭ داشگوۋ يېزىسى، لۇسۇگۇڭ بازىرى، سارىبۇلاق بازىرى قاتارلىق بەش يېزا - بازاردىكى 258 ئائىلىلىك چارۋىچى 70 مىڭ 543 تۇياق چارۋىنى ھەيدەپ ئارقا - ئارقىدىن ئەتىيازلىق ئوتلاققا يېتىپ كەلدى. قورغاس ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى - يېزا ئىدارىسىدىكى خىزمەتچى خادىملار قويلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن بىللە، قويلارنىڭ قۇلىقىغا كىچىككىنە بىر ئۈزەكنى سېلىپ قويدى. بۇ ئۈزەكنىڭ ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپ، ئۈستىدىكى ئىككىلىك كودنى سكانېرلىسىلا، بۇ قوينىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرى، يېگەن يېمى، ئۇرۇلغان ۋاكسىنا قاتارلىق بىر قاتار ئۇچۇرلار كۆرۈنىدۇ.

100 كىلومېتىر يىراقلىقتا، ئەمدىلا ئىنىسىغا ياردەملىشىپ ئاغىياز جىلغىسىدىن چارۋىلىرىنى موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ قاشاجار بازىرى سىمتاس كەنتىدىكى ئەتىيازلىق ئوتلاققا كۆچۈرۈپ كەلگەن نۇركەلدى بەردىقۇلغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئوتلاق كۆچۈش ئەمدى ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ دىققەت نۇقتىسى ئەمەس ئىدى.

نۇركەلدى ئىلگىرى سىمتاس كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە ئىدى، ھازىر ئۇ كەنتتىكى بېيىش «باشلامچىسى» بولۇپ قالدى.

«ئىككى يىل ئىلگىرىلا قوي پادىلىرىمنى ئىنىمنىڭ بېقىشىغا ھاۋالە قىلغان، خوتۇنۇم ئىككىمىز ئولتۇراقلىشىپ، بىر قىسىم كىچىك چارۋىنى چوڭ چارۋىغا ئالماشتۇردۇق.» نۇركەلدى مۇنداق دېدى: «مەن ئىلمىي باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەندىم، باققان ئات، كالىلاردىن قىلغان كىرىمىم تاغدا چارۋا باققاندىكىدىن 30% كۆپ بولدى، ياز پەسلىدە، خوتۇنۇم ئىككىمىز چارۋىچىلار ئارامگاھى ۋە قونالغۇ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەنە 30 - 40 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايمىز».

بۈگۈنكى كۈندە، ئولتۇراقلاشتۇرۇپ چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى تېخىمۇ كۆپ چارۋىچى تۆت پەسىلدە ئوتلاق كۆچۈشتىن ئىككى پەسىلدە ئوتلاق كۆچۈشكە ئۆزگىرىشنى تاللىدى، ياكى پۈتۈنلەي ئولتۇراقلاشتى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقنىڭ زامانىۋى چارۋىچىلىققا قاراپ تېز ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئوتلاق كۆچۈش يوللىرىدا تېخىمۇ كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، چارۋىچىلارغا تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش ئېلىپ كېلىدۇ.